1982
ژىل
دېكابىر
№23 (145)
باھاسى
2 تىين

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى — تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئەرەب ۋەكىللىرى ئۆمىگى بىلەن سۆھبىتى

3- دېكابىر كۈنى كپسس مەركىزىي كومىتېتى باش سېكرېتارى، سسسر ئالىي سوۋېتى رىياستىنىڭ ئەزاسى يۇ. ۋ. ئاندروپوۋ، كپسس مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، سسسر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ن. ئا. تىخونوۋ ۋە كپسس مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، سسسر تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئا. ئا. گرومىكو كرېملدا ئىوردانىيە قىرالى ھۈسەيىن بىن تالال، سۈرىيە مىنىستىرلار كېڭىشى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئا. ھ. ھەددام، سائۇدىيە ئەرەبىستانى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى س. ئەل- فەيسال، مەراكەش تاشقى ئىشلار دۆلەت مىنىستىرى م. بۇسېتتا، ئىوردانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى م. ئەل- قاسىم، تۇنىس تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ب.ك. ئەس- سېبسى، جەزائىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئا. ت. ئىبراھىم، فەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتى ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى م. ئاببباس ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى باش سېكرېتارى ش. كلىبى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ۋەكىللەر بىلەن ئۇچراشتى.

يۇ. ۋ. ئاندروپوۋ ۋەكىللەرنى تەبرىكلەش بىلەن بىللە ئەرەبلەر دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابلىرىدىن تەشكىل تاپقان بۇ خىل موتىۋەر ئۆمەكنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پايتەختىگە كېلىشىنىڭ ئۆزىلا غايەت زور ۋاقە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بىز بۇنى، دېدى ئۇ، سوۋېت- ئەرەب مۇناسىۋەتلىرىنى كونستروكتىۋ رەۋىشتە ياخشى رىۋاجلاندۇرۇش يولىدا قويۇلغان يەنە بىر قەدەم دەپ بىلىمىز. ئومۇمەن بۇ مۇناسىۋەتلەر ئاللىقاچاندىن بۇيان ياخشى مۇناسىۋەتلەر بولسىمۇ، ئېھتىمال، خەلقلەرنىڭ ئەركىن، مۇستەقىل رىۋاجلىنىشى ھەم يېقىن شەرىقتە ۋە پۈتۈن دۇنيادا تېچلىقنى مۇستەھكەملەش ئىشى ئۈچۈن يەنىمۇ ياخشىراق، يەنىمۇ پايدىلىقراق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەرەب ۋەكىللىرىنىڭ باشلىقى ئىوردانىيە قىرالى ھۈسەيىن بىن تالالمۇ شۇنى تەكىتلىدىكى، ئۆمەك ئەزالىرى مەزكۇر ئۇچرىشىشنى ئەرەب دۆلەتلىرى، ئەرەب خەلقلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى موجۇت ھەمكارلىقنىڭ دېلىلى دەپ ۋە سسسرنىڭ تېچلىق ھەم خەلق ئارا خەۋپسىزلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىزچىل كۈرىشى نەتىجىسىدە ئېرىشكەن يۈكسەك ئابرويى- ئېتىۋارىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى دەپ بىلىدۇ.

قىرال ھۈسەيىن ۋە ئۆمەكنىڭ باشقىمۇ ئەزالىرى بۇ ژىل سېنتەبىر ئېيىدا فەس شەھىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئالىي دەرىجىلىك ئومۇم ئەرەب كېڭىشىدە قوبۇل قىلىنغان قارارلار توغرىسىدا سوۋېت رەھبەرلىرىگە ئەخبارات بەردى. يېقىن شەرىقتىكى ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەنە شۇ كېڭەش ماقۇللىغان پرىنسىپلىرى، ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتلار سۈپىتىدە ئىسرائىل 1967- ژىلدا ۋە كېيىنرەك بېسىپ ئالغان بارلىق ئەرەب زېمىنلىرىدىن، شۇ جۈملىدىن قۇددۇسنىڭ ئەرەبلەر قىسمىدىن چېقىپ كېتىشىنى ۋە فەلەستىن خەلقىنىڭ بىردىن بىر قانۇنىي ۋەكىلى- فئات (فەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتى) رەھبەرلىكىدە مۇستەقىل فەلەستىن دۆلىتى بەرپا قىلىنىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يۇ. ۋ. ئاندروپوۋ يېقىن شەرىققە دائىر ئىشلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان پرىنسىپال يولنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى تەكىتلىدى.

—سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمىشە ئەرەب خەلقلىرىنىڭ ھەققانىي ئىشى تەرەپتە، ئۇلارنىڭ ئىسرائىل تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى، ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن، يېقىن شەرىقتە ئادىلانە تېچلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشى تەرەپتە بولۇپ كەلدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ.

يېقىن شەرىقتىكى ئەھۋالنى ھەممە تەرەپتىن تىنچ بىر تەرەپ قىلىش پروبلېمىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ژىل 15- سېنتەبىردە ل. ئى. برېژنېۋنىڭ نۇتقىدا باyan قىلىنغان ياندىشىشى بىلەن فەستىكى ئومۇم ئەرەب كېڭىشىدە قوبۇللانغان ئەنە شۇنداق بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپلىرى ئەمەلىيەتتە بىر بىرىگە ماس كېلىدىغانلىقى ئالاھىدە مەمنۇنىيەت بىلەن تەكىتلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر رايوندا ھەقىقىي تېچلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ياردەملىشىش مەخسىتىدە كەڭ كۆلەمدە مۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنىڭ رېئال ئىمكانىيىتى ۋۇجۇتقا كەلمەكتە.

ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت تەرەپ شۇنى تەكىتلىدىكى، ئاۋۇش يېقىن شەرىق خۇسۇسىدا بۇ ژىل سېنتەبىر ئېيىدا ئالغا سۈرگەن تەكلىپلەر ئەرەب مەملىكەتلىرىنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىپ قويۇش، پەقەت ئىسرائىل بىلەن ئاۋۇشقا مەنپەئەتلىك قارارلارنى ئۇلارغا تېڭىش ۋە ئالدى بىلەن، مۇستەقىل فەلەستىن دۆلىتىنىڭ بەرپا بولۇشىغا يول قويماسلىق مەخسىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يېقىن شەرىقتىكى ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشىشنىڭ ئەمەلىي يوللىرى توغرىسىدا پىكىرلىشىپ ئېلىش ۋاقتىدا، ئەرەب ۋەكىللىرىنىڭ ئېتىۋارى بارلىق مەنپەئەتدار تەرەپلەر، شۇ جۈملىدىن فەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېقىن شەرىققە بېغىشلانغان مەخسۇس خەلق ئارا كونفېرېنسىيە چاقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپكە جەلىپ قىلىندى.

ھەر ئىككى تەرەپ ئىسرائىلنىڭ لىۋاندىكى تەجاۋۇزىنى قەتئىي ئەيىپلىدى ۋە ئىسرائىلنىڭ تەجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ شۇ مەملىكەتتىن دەرھال ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشى توغرىسىدىكى ئۆز تەلەپلىرىنى تەكىتلىدى.

ئۇچرىشىش قاتناشچىلىرى بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتتىن مەمنۇن بولغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ئۇلار يېقىن شەرىقتە ئادالەتلىك، مۇستەھكەم تېچلىق ئۈچۈن كۈرەشتە ئەرەب مەملىكەتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەر ئىككىلا تەرەپ ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. يېقىن شەرىقتىكى ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىلىرى يۈزىسىدىن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قويۇق ئالاقە باغلاپ تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىپ ئېلىندى.

(تاس).

«ۋەتەن» جەمىيىتى كېڭىشىنىڭ سسسر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 ژىللىقىغا بېغىشلانغان ژىغىنىنىڭ چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئىتى

بىز «ۋەتەن» جەمىيىتى كېڭىشىنىڭ ژىغىنىغا قاتناشقۇچىلار شانلىق سەنە- سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 ژىللىقى ھارپىسىدا سىلەرگە مۇراجىئەت قوبۇل قىلماقتىمىز. مەزكۇر سەنەنى سوۋېت خەلقى بىلەن بىللە چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىزمۇ نىشانلاپ ئۆتكۈسى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقلىرى ئىختىسات، مەدەنىيەت ۋە پەن ساھالىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەجايىپ مۇۋاپپەقىيەتلەر قازاندى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۇلار تەرەققىي ئەتكەن سوتسىيالىزم جەمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. گەپ يۈزدە ئەمەس، بەلكى ئىش يۈزىدە كىشىلىك پائالىيىتىنىڭ بارلىق ساھالىرىدا سوۋېت ئادەملىرىگە ئۆز تالانتلىرىنى ۋە قابىلىيەتلىرىنى نامايىش قىلىشقا چەكسىز ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ، ئاۋالقى چەت ئولكىلەرنىڭ خەلقلىرىنى كۆپ ئەسىرلىك كەمبەغەللىكتىن ۋە قالاقلىقتىن قۇتقازدى ۋە ئۇلارنىڭ يۈكسەك پاراۋەنلىككە، مەدەنىيەت ۋە پەن چوققىلىرىغا ئېرىشىشگە ياردەم بەردى.

سسسر جاھاندا تېچلىق تاياںچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە سوتسىيالىزم ئەللىرىنىڭ موجۇت بولۇپ تۇرۇشى تۈپەيلى يېۋروپا خەلقلىرى مانا قىرىق ژىلغا يېقىن دەۋىر داۋامىدا تېچلىق شارائىتىدا ياشاپ، ئەمگەك قىلىپ كەلمەكتە.

لېكىن ھازىرقى چاغدا جاھان ۋەزىيىتى كەسكىن جىددىيلىشىپ كەتتى. جاھانگىرلىك كۈچلەر ئىنسانىيەتكە يېڭى، مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆپلەپ قۇراللىنىشنى تاڭماقتا. ئەنلىكتە مەسىلە مىللىونلارنىڭ ئازاپ- ئوقۇبەتكە ۋە ئەجەلگە مۇپتىلا بولۇشىدىلا ئەمەس: ئېرمو يادرولۇق ئاپەت يەر- زېمىندا ھاياتلىققا خاتىمە بېرىش خەۋپىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھازىر تېچلىق ئىشى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ھېچ قاچان تېچلىقنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسى مۇنچىلىك ئۆتكۈر ۋە كەسكىن دەرىجىدە قويۇلۇپ كەلمىگەن ئىدى.

بىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋەزىيەتنى يېنىكلىتىش، كۆپلەپ قۇراللىنىشنى قىسقارتىش، قۇرالسىزلىنىش ۋە ئىشەنچ ھەم دوستلۇق ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش خۇسۇسىدا جەملەنگەن تەكلىپلەرنىڭ پۈتۈنلەي بىر كومپلېكسىنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيەمىز ئىشلەپ چىققان تېچلىق پروگراممىسى دۇنيادىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ياخشى خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى رىۋاجلاندۇرۇشنىڭ روشەن ئىستىقبالىنى ئېچىپ بەردى. بىز بۇ پروگراممىدىن ھەرگىز چېكىنمەيمىز.

بىز ھەر خىل سەۋەپلەرگە بىنائەن ۋەتەندىن سىرت يەرلەردە تۇرۇپ قالسىمۇ، ۋەتەنگە دېگەن ئىززگۈ تۇيغۇلىرىنى ساقلاپ قالالىغان، ئۇنىڭ ھاياتىغا، كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيىتىگە، تىلىغا، سەنئىتىگە بولغان قىزىقىشىنى يوقاتمىغان مۆھتەرەم ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز. سىلەر ياكى سىلەرنىڭ ئەجداتلىرىڭلار تۇغۇلغان مەملىكەتنىڭ مەدەنىي بايلىقىنى كۆرۈش، ھېس قىلىش ئىشتىياقىڭلار ھەر خىل ئەئەنە مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك ئۆز ئارا بېيىشىغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىشكە، خەلقلەر دوستلۇغىنى مۇستەھكەملەشكە خىزمەت قىلغۇسى. سىلەرنىڭ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان مېھرى- مۇھەببىتىڭلار ۋە سەمىمىي ھېسسىياتىڭلار سىلەر بۈگۈنكى كۈندە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان ئەلگە ھەرگىز دەخلى يەتكۈزمىسە كېرەك.

مانا بۇ ئۆز ئارا ئۇقۇشۇش ۋە دوستلۇق ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقى كەبى ئىنسانىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش بىزنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

بىز سىلەرنى دەۋەت قىلىمىزكى، كېلىڭلار، بىرلىشىپ خەلقلەر دوستلۇغى ھەم ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەيلى.

ھەر بىر ئادەم جاھاندا ياخشى بىلىشى لازىمكى، سوۋېت كىشىلىرىنىڭ ئاساسىي مەخسىتى، يادرو ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن، ۋەزىيەتنى يېنىكلىتىشتىن ۋە خەلق ئارا بىخەتەرلىكنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە بىز ھەممىمىز تېچلىقنى ساقلاش، ئىنسانىيەت ئۈستىدە پەيدا بولغان يادرو ئۇرۇشى خەۋپىنى يوقىتىش يولىدا ھەسسىلەپ كۈچ- غەيرىتىمىزنى سەرىپ قىلىشىمىز زۆرۈر.

بۇ ئالىيجاناپ پائالىيەتتە، قىممەتلىك ۋەتەنداشلار، سىلەرنىڭ يېڭى مۇۋاپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىڭلارغا سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

«ۋەتەن» جەمىيىتى كېڭىشىنىڭ سسسر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 ژىللىقىغا بېغىشلانغان ژىغىنىنىڭ قاتناشچىلىرى.

1982- ژىل، نويابىر.

موسكۋا شەھىرى.

مەنشۈك مەمېتوۋانىڭ خاتىرە مۇزېيى- ئۆيى

ئورال شەھىرىدە شەرىق قىزلىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى ئۇنۋانىغا بىرىنچى قېتىم سازاۋەر بولغان مەنشۈك مەمېتوۋانىڭ خاتىرە مۇزېيى- ئويى ئېچىلدى.

ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ژىللىرىدا كومسومول ئەزاسى م. مەمېتوۋا ئوز ئىختىيارى بىلەن مەيدانغا ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، ھەربىي كومىسساراتقا بىر نەچچە قېتىم ئەرىزە يازدى. 1942- ژىلى سېنتەبىردە ئۇنىڭ تەلىۋى قانائەتلەندۈرۈلدى. مەنشۈك پۇلېميوتچىلار مەكتىۋىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەيدانغا ئەۋەتىلدى.

1943- ژىلى سېنتەبىردە نېۋېل شەھىرى يېنىدا بولغان جەڭدە قەھرىمان پۇلېميوتچى قىز ئوز جەڭگىۋار دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايتاردى.

مەنشۈككە غەلىبە كۈنلىرىنى كورۇش نېسىپ بولمىدى- ئۇ جەڭدە باتۇرلۇق كورسىتىپ قەھرىمانلارچە ھالاك بولدى. لېكىن ئۇ سوۋېت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى.

بۇ خاتىرە مۇزېيىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋەتەنداشلىرىنىڭ مەنشۈك مەمېتوۋانىڭ قەھرىمانلىغىغا كورسەتكەن ھورمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۇزېي ئېكسپوناتلىرى ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى توغرىلىق ھېكايە قىلىدۇ.





سۈرەتتە: (ئوڭدا) مەنشۈك مەمېتوۋانىڭ خاتىرە مۇزېيى- ئويى ۋە قەھرىماننىڭ مۇزېيدىكى پورترېتى.

پەرزەنت دۇنياغا كەلگەندە

ھازىر زامانىۋي يېڭى ئەنئەنىلەر ئائىلى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى.

ئائىلە قۇرۇشقا قارار قىلغان ياش ژىگىتلەر بىلەن قىزلارغا رايونلۇق زاكس بولۇمىدە گۇۋانامە تاپشۇرۇش، تۇغۇلغان پەرزەنتنىڭ مېترىكىسىنى بېرىش ئوخشاش مەراسىملار داغدۇغىلۇق رەۋىشتە ئوتكۈزۈلىدۇ. بولۇم باشلىغى رېھان ئومەروۋا ياشلارنىڭ كەلگۈسى ھاياتىغا چوڭ بەختلەر تىلەپ، پەرزەنتنى تەربىيلەش ھەققىدە ياشلارغا مەسلەھەتلەر بېرىدۇ. ئۆتكەن ژىلى 1136، بۇ ژىلنىڭ توققۇز ئېيىدا بولسا، ھاياتقا كوز ئاچقان 1260 پەرزەنت تۇغۇلغانلىغى ھەققىدە گۇۋانامىلار داغدۇغىلىق تاپشۇرۇلدى.

ئۆتكەن ژىلنىڭ توققۇز ئېيىدا 319 جۈپ ژىگىت ۋە قىز زاگىستىن ئۆتكەن بولسا، بۇ ژىل ئۇلارنىڭ سانى 333 كە يەتتى. موشۇ كۈنلەردە رايوننىڭ بارلىق يېزىلىرىدا دېگىدەك يېگىچە ئويلىنىش تويلىرى ئۆتمەكتە. شۇنداقلا «ئالتۇن»، «كۈمۈچ» تويلارمۇ يېڭى ئەنئەنە بويىچە ئوتكۈزۈلمەكتە.

يېقىندا رايونلۇق ئاغرىقخانىلار بىرلەشمىسىنىڭ زالىدا ئاخمۇللايېۋ، ئۇراخۇنوۋ، ئۇشاموۋلار ئائىلىسىنى قوم- قېرىنداش، دوس- يارانلىرى، پەرزەنتلىرى راۋىل، مۇسلىم، رىزۋانگۈللەرنىڭ دۇنياغا كېلىش خوشاللىقلىرى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەشتى ۋە سوغىلار، گۈلدەستىلار تاپشۇردى.

ت. نىزاموۋ.
ئۇيغۇر رايونى.

خەلق خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ

لېونىد ئىلئىچ برېژنېۋنىڭ خاتىرىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش مەخسىتىدە پارتىيەمىز بىلەن ھوكۈمىتىمىزنىڭ قوبۇل قىلغان قارارلىرىنى پۈتكۈل مەملىكىتىمىز خەلقلىرىگە ئوخشاش قازاقىستان ئەمگەكچىلىرىمۇ چوڭقۇر قانائەت. ھاسىل قىلىش تۇيغۇلىرى بىلەن قارشى ئالدى.

ئالمۇتىدىكى يېڭى مەيدانىنى لېونىد ئىلئىچ نامى بىلەن ئاتاش مۇناسىۋىتى بىلەن پايتەختىمىزدە مىتىنگ بولۇپ ئوتتى. ئۇنىڭدا سوزگە چىققان ئىلغار قۇرۇلۇشچى س. ئوتېشېۋ:

- بىز پايتەختىمىزدىكى يېقىندىلا دولەت مۇكاپىتىغا سازاۋەر بولغان يېڭى مەيدانغا لېونىد ئىلئىچ برېژنېۋنىڭ نامى بېرىلگەنلىگى بىلەن مەغرۇرلىنىمىز،- دېدى.

مۇنداق مىتىنگ قوستاناي ئوبلۇسىدىكى «بورووۋسكوي» سوۋخوزىدىمۇ بولۇپ ئوتتى. بۇ ئىگىلىككىمۇ ل. ئى. برېژنېۋ نامى بېرىلدى.

قازاقىستاندا بوز يەرلەرنى ئوزلەشتۈرۈش ۋە ئاشلىق مولچىلىغىنى بەرپا قىلىش يولىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان زور ئىشلار ل. ئى. برېژنېۋ نامى بىلەن زىچ باغلىقتۇر. ئۇ بوز يەرلەرنى كوپلەپ ئوزلەشتۈرگەن قوستاناي ئوبلۇسىدا تالاي قېتىم بولغان ئىدى. سوۋخوز ئەمگەكچىلىرى ئوز ئىگىلىگىگە ئېچىلىق يولىدىكى يالقۇنلۇق كۈرەشچى نامى بېرىلگەنلىگە ئىنتايىن رازى بولدى.

(قازتاگ).

ئاق يول بولسۇن، سەياھەتچىلەر

ئەمگەكچىلەرنىڭ ياخشى دەم ئېلىشىنى ئويۇشتۇرۇش مەخسىتىدە ئېلىمىزدا كېيىنكى ژىللاردا ئورۇنلىغان يېڭى- يېڭى داۋالاش ۋە دەم ئېلىش جايلىرى ئېچىلدى. بىزنىڭ قازاقىستانلىقلار ئۈچۈن بىر ئايلىق يازلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ھەر خىل كوڭۈللۈك سەياھەتلەردە ئوتكۈزۈش ياخشى ئادەت بولۇپ قالدى. شۇ جەرياندا مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىمىز كوپتىن بېرى ھەر خىل قىتئەلەردىكى ئاتاقلىق شەھەرلەرنى ئارىلاپ، گوزەل تەبىئەتلىك جايلارنى تاماشە قىلىدىغان بولدى. ئوز نوۋىتىدە قازاقىستاننى كورگىلى چەت ئەللىك مېھمانلارمۇ جىق كېلىدىغان بولۇپ، بىزمۇ ئۇلارنىڭ سەياھىتىنىڭ كوڭۈللۈك بولۇشىغا، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ باي ھاياتى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىشىغا مۇمكىن قەدەر شارائىتلارنىڭ ھەممىسىنى يارىتىپ بېرىۋاتىمىز.

مانا بۇ ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھودىسىدىن چىقىدىغان بىردىن بىر مەھكىمە- قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتى يېنىدىكى چەت ئەل تۇرىزمى بويىچە باش باشقارمىدۇر.

ئۇنىڭ پائالىيىتى ژىلدىن ژىلغا ئۇلغايماقتا. بۇ ئىدارە ھازىر خەلق ئارا تۇرىزىم پروگراممىسىغا ماسلاشقان ھالدا 35 دولەتتىن قازاقىستانغا قەدەم تەشرىپ بۇيرۇشنى ئارزۇ قىلغان سەياھەتچىلەرنىڭ سەپىرىنىڭ مەزمۇنلۇق ۋە كوڭۈللۈك ئوتۈشىنى تەمىنلەيدۇ.

ئالمۇتا، جامبۇل، قاراغاندا، چىمكەنت، سېلىنوگراد قاتارلىق چوڭ- چوڭ شەھەرلەردىكى كوركەم، زامانىۋي ئىمارەتلەر، كوكچېتاۋنىڭ گوزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى چەت ئەللىك مېھمانلىرىمىزنى ئەجايىپ قىزىقتۇرىدۇ. تۇركىستاندىكى تارىخىي يادىكارلىقنى، كېنتاۋ، شاختىنسك ئوخشاش ياش شەھەرلىرىمىزنىڭ گوزەل قىياپىتىنى ھەر كىمنىڭ تاماشە قىلغۇسى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. سەياھەتچىلەر بۇ شەھەرلەرنىڭ بۈگۈنكى تولۇق قانلىق مەدەنىي ھاياتى بىلەن تونۇشىدۇ.

ئېلىمىزدا خەلق ئارا تۇرىزىم ھەرىكىتىنى ھەر تەرەپلىمە قوللاپ- قۇۋۋەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىزگە كاپىتالىستىك، شۇنداقلا تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭمۇ ۋەكىللىرى كوپلەپ كەلمەكتە. تۇرىستلارغا تەرەققىي ئەتكەن سوۋېت سوتسىيالىستىك قازاقىستاننىڭ ھازىرقى ئەجايىپ مۇۋاپپەقىيەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىش- بىزنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىمىزدۇر.

1981- ژىلى ئالمۇتىدا «ئوترار» مېھمانخانىسى سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشىكلىرى چەت ئەللىك سەياھەتچىلەرگە كەڭ ئېچىلدى.

مېھمانخانىنىڭ ئىچىدە سانائەت تووارلىرى ماگازىنلىرى، مەجلىس زالى، ئاپتېكا، مونچا ۋە باسسېين بار. زامانىۋي ئارخىتېكتۇرىنىڭ يېڭى ئەمۇنىلىرى ئاساسىدا قەد كوتەرگەن مەزكۇر مېھمانخانە پايتەختىمىزنىڭ كوركى بولۇپ، بۇ يەردە چەت ئەللىك مېھمانلار ئالدىدا «سازگېن»، «ئوترار سازى» قاتارلىق مىللىي مۇزىكا ئومەكلىرى كونسېرتلار كورسىتىپ تۇرىدۇ.

كېيىنكى ژىللاردا چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ ھازىرقى ھاياتى، ئوتمۈشى ۋە كېلەچىگى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئالمۇتا، سېلىنوگراد توغرىلىق، «قازاق ئاۋۇلى»، «ئوترار» ناملىق كىتاپچىلار مېھمانلارغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

جۇمھۇرىيەتتە چەت ئەللەرنىڭ كوچمە كورگەزمىلىرىمۇ ئويۇشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، يېقىندا ئالمۇتىدا رۇمىنىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ «رۇمىنىيە- تۇرىزىم ئېلى، دوستلۇق ئېلى» كورگەزمىسى بولۇپ ئوتتى. بۇ خىل مۇھىم چارە- تەدبىرلەر مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى يەنىمۇ تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە خىزمەت قىلىدۇ، خالاس.

ش. تولېۋبېكوۋ،

قازاقىستان س س ر مىنىستىرلار سوۋېتى يېنىدىكى چەت ئەل تۇرىزمى بويىچە باش باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى.

سۈرەتتە: قازاقىستاننىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى سەيلە قىلىپ ژۈرگەن سەياھەتچىلەر.

سوۋېت قازاقىستانى: داغدام يوللار

كپ س س مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، قازاقىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى د. ئا قوناييېۋنىڭ «سوۋېت قازاقىستانى» ناملىق كىتابى نەشىردىن چىقتى.

كىتابتا قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىدا سوۋېت قازاقىستانىنىڭ تۇرنى ۋە رولى بايان قىلىنغان، قازاق خەلقىنىڭ شۇ داغلا جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق ئەمگەكچىلىرىنىڭ لېنىنچە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىگىدە بېسىپ ئۆتكەن قەھرىمانلىق يولى ئېچىپ كۆرسىتىلگەن. ئېنىق فاكتلار، رەقەملەر، مىساللار سوۋېت قازاقىستانىنىڭ ئۇز تەرەققىياتى جەريانىدا تامامەن يېڭى دەۋرگە قەدەم بېسىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

مانا بۇ بۈيۈك ئۇزگىرىشلەر پارتىيەمىزنىڭ تارىخى 26- سېيېزدا ئاساسلىق نەتىجىلەر پاتالاندى.

يېزا مەدەنىيىتى- خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دىققەت مەركىزىدە

چونجا يېزا كېڭىشىنىڭ تەۋەسىگە رايون مەركىزى، «باھار»، سارىتوقاي يېزىلىرى ۋە لېنىن نامىدىكى كولخوزنىڭ بەشىنچى برىگادىسى جايلاشقان. ئۇلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەرگە مەدەنىي- مەئىشىي خىزمەت كۆرسىتىشنى جىددىيلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە يېزىلار شەھەر قىياپىتىگە ئالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ كېڭەش تەۋەسىدە 18,3 مىڭ ئادەم ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار بىر قانچە سانائەت، قۇرۇلۇش، ترانسپورت كارخانىلىرىدا ۋە مەھكىمىلەردە ئىشلەيدۇ. 7 مەكتەپ، يېزا ئىگىلىگى كەسىپ- تېخنىكىلىق ئۇچىلىشىسى، 69 سودا تۇرنى، رايونلۇق ئاغرىقخانا، 2 فېلدشېرلىق پۇنكت، 11 مەدەنىي- ئاقارتىش مەھكىمىسى، 9 باللار باغچىسى يېزا ئاھالىسىغا خىزمەت قىلىدۇ. چونجا، «باھار» يېزىلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىشىغا خەلق ۋەكىللىرى پائال قاتناشتى. ئىجرائىيە كومىتېت مەجلىسلىرىدە يېزىلاردا مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر كوچەتلىرىنى تىكىش، تازىلىقنى ئاشۇرۇش، كوچىلاردا، تۇرۇشلۇق ئويلەر ئەتراپىدا گۈل ئوستۇرۇش بويىچە مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئېنىق چارىلار بەلگۈلەندى. بۇ ژىلنىڭ ئۆزىدىلا چونجا، «باھار» يېزىلىرىدا 138 مىڭ تۈپ كوچەت تىكىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپى چىرايلىق قورشالدى. 4,5 مىڭ كۋادرات مېتىر مەيدانىدا ياڭزا گۈللەر ئوستۇرۇلدى. بۈگۈنكى يېزىلىرىمىزنىڭ مەنزىرىسىنى بۈگۈندىن 6—7 ژىل ئىلگىرىكى ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا تامامەن ئوزگىچىدۇر. دائىمىي كوممىسسىيە ئەزالىرىنىڭ «18 مىڭ ئادەم 18 مىڭ تۈپ گۈل ئوستەرسۇن» دېگەن تەشەببۇسىنى يېزا ئاھالىسى قىزغىن قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى.

خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلۇش ئىشىنى كېڭەيتىش يائىدۇرۇشتا، بىزنىڭ سوۋېتىنى ياخشىلاشقا ئازالىرىنى كۆچەيتتى. كېيىنكى ژىللاردىلا رايون مەركىزىدە ۋە «باھار» يېزىسىدا ئۇرغۇزۇلغان 3—4 قەۋەتلىك تۇرۇشلۇق ئويلەر، بىر قانچە چوڭ زامانىۋى ئىمارەتلەر، ئىككى گاستروئوم، مەئىشىي خىزمەت كومبىناتى، كەسپىي تېخنىكىلىق ئۇچىلىشىسىنىڭ بىناسى قەد كۆتەردى، چونجىنىڭ بارلىق كوچىلىرىغا دېگىدەك ئاسفالت ياتقۇزۇلدى.

رايون مەركىزىنى تېخىمۇ زىننەتلەش ئۈچۈن 1982- ژىلى يەققەت ئوبلوس بيۇدجېتىدىنلا 100 مىڭ سوم مەبلەغ خىراجەت قىلىندى. چونجىنىڭ بارلىق كوچىلىرىغا يەر ئاستى سۇ تورلىرىنى ياتقۇزۇش ئىشى باشلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت تەرەپىدىن 1,3 مىللىون سوم مەبلەغ ئاجرىتىلدى.

س. ئەخمەتوۋا،
خەلق ۋەكىللىرى چونجا يېزا كېڭىشىنىڭ رەئىسى. ئالمۇتا ئوبلوسى.

تالانت بەيرىمى

بۇ ئاخشام ئالمۇتىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترىنىڭ زالى ئەجايىپ جىلۋىلىنىپ، مېھمانلارغا لىسسىدە تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى، پايتەخت تىياترلىرىنىڭ داڭلىق ئارتىستلىرى، ئالىملار، زاۋۇت- فابرىكىلارنىڭ ئەمگەكچىلىرى، بىناكارلار، يېزىلاردىن كەلگەن دېخانلار بار ئىدى.

مەزكۇر تەنتەنىلىك كەچ ئاتاقلىق ئۇيغۇر سەنئەتچىسى، قازاقىستان خەلق ئارتىستى روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا تۇغۇلغان كۈنىنىڭ 60 ژىللىغىنى نىشانلاپ ئۆتۈشكە بېغىشلاندى. مەراسىمنى قىسقىچە نۇتۇق بىلەن قازاقىستان س س ر مەدەنىيەت مىنىسترى جېكسېنبېك ئېركىمبېكوۋ ئاچتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ر. ئىلاخۇنوۋانىڭ باي ئىجادىي يولىنى، جوشقۇن تالانتىنى، شۇنداقلا ئالمۇتىدا ئۇيغۇرلار تارىخىدا دەسلەپ ئېچىلغان تىياترنى رىۋاجلاندۇرۇش ساھاسىدا، ئۇنىڭ سەھنىسىدە ئەجايىپ سەھنە سىمالىرىنى يارىتىشتا كۆرسەتكەن زور خىزمىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئاندىن مىنىستىر تىياتر سەنئىتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشتىكى ئۈنۈملۈك ئىجادىي پائالىيىتى ئۈچۈن روشەنگۈلنى قازاقىستان س س ر ئالىي سوۋېتى رىياسىتىنىڭ پەخرىي يارلىغى بىلەن مۇكاپاتلاش توغرىلىق پەرمانىنى ئېلان قىلدى. زالدىكىلەر بۇ خۇش خەۋەرنى داۋاملىق ئالقىشلار بىلەن قارشى ئالدى. ئاندىن ر. ئىلاخۇنوۋانىڭ 45 ژىللىق باي ئىجادىي ھاياتى ھەققىدە سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرى كاندىداتى ئەخمەتجان قادىروۋ دوكلاد بەردى.

شانلىق مەرىكە مۇناسىۋىتى بىلەن ر. ئىلاخۇنوۋانى م. ئەۋېزوۋ نامىدىكى ئاكادېمىيەلىك تىياتر كوللېكتىۋى نامىدىن قازاقىستان خەلق ئارتىستلىرى شاخان مۇسىن ۋە كامال قارمىسوۋ، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمى ئالىملىرى نامىدىن فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى غوجاخمەت سەدۋاقاسوۋ، «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ساۋۇتجان خاسانوۋ، ژىرىك يېنىك سانائەت مەركىزى بولغان ئالمۇتا گىلەم فابرىكىسى كوللېكتىۋى نامىدىن كارخانا دىرېكتورى كلارەم نىيازبايېۋالار سەممىي تەبرىكلىدى.

داڭلىق ئارتىستنى ئۇيغۇر، چېلەك، ئالاكول رايونلۇق پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىرى ھاشىم ئارزىيېۋ، ئابدۇۋاھىت سەيدۇللايېۋ، ئازات مەشۇروۋلار يېزىلاردىكى مىڭلىغان مىننەتدار سەنئەت شەيدالىرى نامىدىن سەممىي تەبرىكلەپ، دېخانلارنى سەنئەتكە جەلىپ قىلىشتا ۋە ئۇلارغا ئېستېتىكىلىق تەربىيە بېرىشتە روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا كۆرسەتكەن زور ئالىيجاناپ پائالىيىتىنى ئاتاپ ئۆتتى.

ئارتىست نامىغا موسكۋا، باكۇ، تاشكەنت، ئاشخاباد، فرۇنزې شەھەرلىرىدىكى ئاتاقلىق تىياترلار كوللېكتىۋلىرى نامىدىن كۆپلىگەن تەبرىك تېلېگراممىلار كېلىپ چۈشتى.

كەچتە روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋانىڭ ئىشتىراك ئېتىشى بىلەن چوڭ كونسېرت قويۇلدى.

داڭلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارىنىڭ 60 ژىللىغىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك مەراسىملار چېلەك، ئۇيغۇر، پانفىلوۋ رايونلىرىنىڭ يېزىلىرىدىمۇ بولۇپ ئۆتتى. **(ئۆز مۇخبىرىمىز).**

قۇيۇندەك ژۈگرۈكلەر

ھەر ژىلى كۈزدە بىزنىڭ چوڭ- كىچىك يېزىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ھوسۇل تويلىرى، تەنتەنىلىك مەراسىملار باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ژىل كۈز مەن چىرايلىق كۆللەرنىڭ بىرىدە تورغاي ئوبلوسىدا ئەنە شۇنداق قىزىق بەيرەملەرنىڭ بىرسىگە داخىل بولدۇم.

كەڭ كوكۈل مەيدانىنى چورە دەپ، چىرايلىق كىيىنگەن ياش- قېرى، قىز- ژىگىت جەم بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرى ئۈستۈن. ھەممىسىنىڭ كوزى ئېگىز مىنبەردە. بۈگۈن مۇندا بەيگە، ئوغلاق تارتىش ۋە باشقىمۇ مىللىي ئويۇنلار بولماقچى.

... ئون چاقىرىملىق بەيگىگە چۈشكەن 30 ئاتنىڭ ئالدىغا «بايان» ناملىق ئاتقا مىنگەن ئەخمەت ئىسىملىق ژىگىت بىردىنلا چىقىپ، ئالدىنقى ئورۇننى ھېچ كىمگە بەرمەي كەلمەكتە. باشقا چاۋاندازلار ئاتلىرىنى تېخىمۇ قامچىلاپ، ھە دەپ ئالغا ئىنتىلمۇاتقان ۋاقىتتا ئەخمەت ئالىمقاچان «باياننىڭ» تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇنى تىنىچلاندۇرۇپ بولغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا «باياننىڭ» جان كويەرلىرى، بەيگە ئىشقىۋازلىرى خۇشاللىقلىرىدىن ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ، باش كىيىملىرىنى ئاسمانغا ئاتماقتا ئىدى. «بايان» بۇ ئويۇننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپىتىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ كۈنى بۇ جايدا بەيگىدىن كېيىن قازاقچە «قىز قوۋۇۋۇ» ئويۇنى، ئوغلاق تارتىش ئويۇنلىرىمۇ ئارقا- ئارقىدىن داۋاملىشىپ، ھوسۇل تويى ئىنتايىن كوڭۈللۈك ئاياقلاشتى.

سۇمباتلىق ژۈگرۈك ئات، كوڭۈللۈك بەيگە ھەر قانداق ئادەمنى قىزىقتۇرماي قويمايدۇ. خەلقىمىز «ئات- ئەر قانىتى» دەپ بېكار ئېيتمىغانغۇ.

شەرىق خەلقلىرى ئۈچۈن ئۇمۇمىي بولغان بەيگە، ئوغلاق تارتىش ۋە «قىز قوۋۇۋ» ئوخشاش قېدىمىي خەلق سپورت ئويۇنلىرى ھازىر زامانىۋىي ئويۇنلار قاتارىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلماقتا. يېزىلاردا، قىشلاقلاردا قويچىلار كۈنلىرى، ھوسۇل تويلىرى، قىز تويلىرى ۋە چوڭ مەرىكىلەر بۇ خىل ئويۇنلارسىز ئوتمەيدۇ. بۇ ئەنئەنە شۇنداقلا چاۋاندازلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ ياخشى مەكتىۋى بولۇپ قالدى. ئومۇمەن بۇ خۇسۇستا گەپ ئاچقىنىمىزدا، قۇيۇندەك ژۈگرۈك ئاتلارنىڭ يېڭى- يېڭى نەسىللىرىنى، ئاتقا مىختا ماھىر چاۋانداز سپورتچىلارنى يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ ئېلىمىزدا ئۆزۈندىن بېرى دولەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بۇ مەخسەتلەردە ئات زاۋۇتلىرى دەپ ئاتالغان ئىختىساسلاشتۇرۇلغان مەخسۇس كارخانىلار، چاۋاندازلارنى تەييارلايدىغان مەكتەپلەر تەشكىل قىلىنغان.

ئولىمپيا ئويۇنلىرىنىڭ بىر قانچە ئالتۇن مېداللىرىنى ئالغان، ئالەمگە مەلۇم ئاتاقلىق ئابسېنت ناملىق ژۈگرۈك قازاقىستاندىكى لۇگوۋوي ئات زاۋۇتىدا ئوستۇرۇلگەنلىگىدىن بىز ئىنتايىن مەغرۇرلىنىمىز.

ئاندىن جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى ئاقتوبې، كوكچېتاۋ، تالدىقورغان ئات زاۋۇتلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئايرىم چوڭ- چوڭ سوۋخوزلاردىكى مەخسۇس ئىلقا فېرمىلىرىنىڭ پائالىيىتى پۈتكۈل ئىتتىپاقىمىزغا مەلۇم.

ئات سپورتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشتە، چوڭ- چوڭ بەيگىلەرنىڭ، ھەر خىل مىللىي ئات ئويۇنلىرىنىڭ، شۇنداقلا داڭلىق سپورتچىلارنىڭ قاتنىشى بىلەن مەملىكەت، جۇمھۇرىيەت مىقياسىدىكى مۇسابىقىلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەشكىل قىلىنىشىدا، ھەر بىر ئات زاۋۇتىنىڭ پائالىيىتىگە باھا بېرىشتە ئىپپادروم دەپ ئاتالغان مەخسۇس مەيدانلارنىڭ رولى ئاھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

بۇ ھەقتە بىزنىڭ تورغاي ئوبلۇسىدىكى «سارىتورغاي» ناملىق ئات زاۋۇتىنىڭ كوللېكتىۋى، ترېنېرلىرى كوزگە كورۇنەرلىك ئىشلارنى ئېلىپ بارماقتا.

بۇ يەردىكى ئىلقىچى ئوراق بېلغوجىننىڭ ئىسمى ئالاھىدە تىلغا ئالارلىق. ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ ھەققىي ماھىرى، مەملىكىتىمىزدىكى ئات سپورتىنىڭ ئەھۋالىغا، ئۇتۇقلىرىغا ئاھايىتى قىزىقىدۇ. ئوراقتىن ئېلىمىزنىڭ قايسى ئات زاۋۇتىدا قانداق ژۈگرۈكلەر بار، ئۇلار قانداق خىسلەتلەرگە، قابىلىيەتكە ئىگە ئېكەنلىكىنى سوراپ قالسىڭىز، سىزگە دەرھال تەپسىلىي جاۋاپ بېرىدۇ.

بۇ ئۆز ئەمگىكىنى، ئىلقا ئوخشاش خىسلەتلىك، پەزىلەتلىك جانىۋارنى سويۈشنىڭ، بېرىلىپ ئىشلەشنىڭ ئەمۇنىسى بولسا كېرەك.

مەزكۇر زاۋۇتتا ئىلقىلار ھەر كۈنى مەلۇم ۋاقىتتا مەشقلەردىن ئوتىدۇ، تەجرىبىلىك مال دوختۇرلىرى ئۇلارنى كوزدىن كەچۈرىدۇ، ئۇلارغا ئىلمىي ئاساستا ھەر خىل ۋىتامىنلارغا باي ئوزۇقلارنىڭ بېرىلىشىنى دايىم قاتتىق كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

سارىتوغايلىقلار ھەتتا ھەر بىر ژۈگرۈككە خۇلقى- مۇجەزى، سۈپەتلىرى جەھەتتىن ماس كېلىدىغان چاۋانداز تاينلايدۇ. ئەتىجىدە ئادەم بىلەن ئىلقا بىر- بىرىگە ئۆگىنىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پسىخولوگىيەلىك مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇ فاكتور مەشىق، مۇسابىقە جەريانىدا ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدۇ.

ئەل ھاسىل، ئات سپورتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش، سپورت ئاتلىرىنى ئوستۇرۇش ساھاسىدا دولىتىمىز ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر پۈتكۈل ئالەمگە ئايان. بۇنىڭغا بىزنىڭ چاۋاندازلارنىڭ، بىزنىڭ قۇيۇندەك ژۈگرۈكلەرنىڭ خەلق ئارا مۇسابىقىلەردىكى ئەجايىپ غەلىبىلىرى، س س س ر دا ئوتۇپ تۇرىدىغان ئەنئەنىلىك خەلق ئارا ئائۇكسىون بازاردا بىزنىڭ سپورت ئاتلىرىمىزغا چەت ئەللىك خېرىدارلارنىڭ جىق چىقىشى ئىسپات بولالايدۇ.

سابىر قارمانوۋ، چاۋانداز.
تورغاي ئوبلۇسى.

ئۇستەڭ كولسفوچىلارنىڭ قوشاقلىرى

ھېچ پادىشا بۇ قىسىمدا
پۇخراغا ستەم قىلماس.
ئورۇس ۋۇتى ئاماندۇ دەپ،
تارانچى بارچە ئاڭلاشتى.

تولا چاپتى خەلق كەتمەن،
ئالقان تېرىسى قالماي.
چىدالماي بۇ ستەملەرگە،
ئورۇس يېرىگە قاچتى.

بۇ ئۇستەڭ بىر بالا بولدى،
كەچ كۈز بولدى، قويمايدۇ.
سوققا چىدالماي ئامراتلار،
گەمىگە كىرىپ ياتتى.

كېچىلەردە تارانچىلار
پۇرسەت تاپقىنى قاچتى.
قېچىپ بىر- ئىككىدىن خەلق،
ئورۇس ۋۇتىغا چۈشتى.
ئۇستەڭ چاپىغان خەلقنى
دالويە قامچىغا باستى.
چىدالماي خەلق زارلاپ،
ئۇستەڭ ياقىلاپ قاچتى.
ئۇزار خەلقنى «ئىلدام بول،
ئىلدام چاپ، بىكار تۇرما!»— دەپ،
دېمىنى ئالغىنى قويماس،
ئۇرۇپ خەخەرنى قوغلاشتى.
ئۆيگە كەلگىنى قويماي،
ئۇستەڭ چاپتۇردى خەلقنى.
دەمى ئوقەت قىلالماستىن،
ئاشچىسى يوق قوساق ئاچتى.
ئاشلىق ئالغىنى خەلق يوق،
خوتۇنلار ئۈمىنى ئوردى.

ئوغۇل پەرزەندى ئۇستەڭدە،
قىزلار باغنى باغلاشتى.
توپىغا بۇلغاندى خەخلەر،
يىگى گوردىن چىققاندەك.
تونالماي بىر- بىرىنى ئەل،
بارچە ئەقلىدىن شاشتى.
بۇ خەخلەرگە خوتۇن قايدا.
كومەچ كوممەككە ئوت قايدا.
ئۆينى كوپ سېغىنغانلار
توگىلەردەك بوزلاشتى.
كېتەي دېسە، كېتەلمەيدۇ
ئۆيگە خالىغان كۈندە.
بالىسىنى سېغىنغاندىن،
بارچە كوزىنى ياشلاشتى.
بىر دەم چاپمىسا كەتمەن،
ئۇرۇپ، ھېچ تۇرغىلى قويماس.
تومۇزغا پايلىماي تازلار،
يارا بېشىنى تاتلاشتى.
ھاشىرنى ئېلىپ چىقتى
زالىم تۇگچىسى نەخمەت.
ئۇستەڭ بېشىغا بېرىپ،
يەرنى چام بولۇپ بەردى.
جانىنى چىرىتىپ ئەتتى
ئالۋانچىلىقنىڭ دەردى.
جان- جانغا ئوتۇپ كەتتى
تۇگچىلارنىڭ زەردىسى.
ئۇستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا، كەتمەن ئوتمەيدۇ.
زالىم تۇگچى- بەگلىرى
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.
ئاق ئۇستەڭنى چاپسۇن دەپ،

جاڭ- جۇڭدىن كېلىپتۇ خەت.
بۇ خاقان زۇلمىغا تاقەت
قىلالماي زار- زار ۋىغلاشتى.
بۇ ئەبلەخ تۇخمى غەملەرنى
تارانچى بېشىغا چاچتى.
ئوقتىنى قىلالماي خەلق،
كېچە- كۈندۈز ئۇستەڭ چاپتى.
خوتۇنلار ئەرلىرىنى كورمەي،
بىر- بىرى بىلەن مۇڭداشتى.
چىدالماي قامچىغا خەخلە،
خۇداغا زار- زار ۋىغلاشتى.
قېچىپ كەلگەن خالايىقنىڭ
كەينىدىن يىبەردى خەت.
قېچىپ كەتكەن كىشى كىمكى،
دەپ ۋۇتىدىن ئاڭلاشتى.
قېچىپ كەلگەننى تېپىپ، چېگە
بىلەن پۇت- قولىنى باغلاپ
ئالاتتى، لويىغا بەردى
ئۇرۇۋەن ھەقلىدىن شاشتى.
كېچە- كۈندۈز تارانچىنى
ئوشال دەرياغا ئىشلەتتى.
ئۆيىنى يات ئېتىپ خەخلە،
كېچىلەپ ئۆيگە قاچتى.
مۇنى ئاز دەپ، يەنە ئۇستەڭنى
چاپسۇن دەپ، كەلدى بۇيرۇق.
يەنە نەچچە يۈز مىڭ خەخنى
ئاق ئۇستەڭگە ھايداشتى.
مىڭ بەش يۈز مۇسۇلماننى
ۋىغىپ چاپتۇردى ئۇستەڭنى.
غېمى مېھنەت تاناپلىرى،
بىللە ھەلقىگە چىرماشتى.

بۇرۇن ھەر ئوي بېشىغا
ئالدى ئون ئالتە خو ئاشلىق.
ئوتتۇز ئىككى خو ئاشلىق
ئېلىشقا ئەندى باشلاشتى.

بېرەلمەي ھەر ۋىلى ھوسۇل،
تارانچى باللىرىنى ساتتى.
ئەگەر يۈز خونى بەرسە،
يەنە تويماي ئېغىز ئاچتى.

تارانچى مېلىنى يەپ تويماي،
دالويە بىلەن جاڭ- جۇڭ.
بىر يۈز نەچچە ۋىل قىلغان
ستەملەر ھەددىدىن ئاشتى.

ۋاڭخولى بالا بولدى،
زالىملار ئەجدىھا بولدى.
چىدالماي غۇلدىغا خەخلە
كېچىلەپ ئۆيگە قاچتى.

سېپىلنى بۇزمىغاي سۇ دەپ،
دەرياغا توشۇڭلا دەپ،
شېغىللار بىلەن شاخنى
تارانچى باستى دەرياغا.

ۋۇرۇڭلا، ئاغا- ئىنىلار،
ئىلىنىڭ ۋىغىن ئىشى بار دەپ،
بىر دەم تۇرغىلى قويماي،
قامچا سوقتى، ھايداشتى.

ئۇستەڭ بېشىغا بېرىپ،
يەرنى چام بولۇپ بەردى.
جانىنى چىرىتىپ ئەتتى.
ئالۋانچىلىقنىڭ دەردى.

بىلال نازىم رۇس تىلىدا

Өзбәкстан Коммунистик партияси Мәркизий Комитетиниң нәшрияти «Шәриқ классиклири мирасидин» бабидин уйғур классик шаири Билал Назимниң талланма шеирлар топлимини (үч басма тавақ, һәжимидә, 150 миң нусхида) рус тилида нәширдин чиқарди. Филология пәнлириниң доктори, профессор, СССР педагогика пәнлири академиясиниң мухбир әзаси Мурат Һәмраев шаир шеирлирини нәширгә тәйярлиған вә уни жукури маһарәт билән рус тилиға тәржимә қилған. Китапниң бәдиий безәклирини вә униңдики сүрәтләрни рәссам Төмүр Сәйдуллаев ишлигән.

Мәлумки, Молла Билал Назим уйғур классик шеирийитиниң туғини егиз көтәргән, өз хәлқиниң миллий мустәқиллиқ вә азатлиғи йолидики күрәшлирини бәдиий— ғайивий бәркамал әсәрлири арқилиқ жошқун күйлигән ялқунлуқ шаирларниң бири.

Билал Назим манжур — хитай басқунчилириға қарши мәрданиларчә күрәшкән Шәрқий Түркистан уйғурлириниң ижтимаий тәңлик вә миллий мустәқиллик йолидики қозғилаңларниң талмас жарчисиға айланди. Шуниң үчүнму униң өлмәс әсәрлири шаирға бәрһаятлиқ бәхиш этти. Униң әсәрлириниң бүгүнки күндә улуқ Советләр диярида уйғур вә башқа қериндаш хәлиқиләр тиллирида нәшир қилиниватқинлиғи әнә шу бәрһаятлиқниң бүюк тимсали.

Т. НАМӘТОВ.

تاشكەنتتىكى ئۆزبەكىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشرىياتى «شەرىق كلاسسىكلىرى مىراسىدىن» بابىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى بىلال نازىمنىڭ تاللانما شېئىرلار توپلىمىنى (ئۈچ باسما تاۋاق، 150 مىڭ نۇسخىدا) رۇس تىلىدا نەشرىدىن چىقاردى. فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور، س س س ر پېداگوگىكا پەنلىرى ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى مۇرات ھەمرايېۋ شائىر شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان ۋە ئۇنى ۋۇقۇرى ماھارەت بىلەن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كىتاپنىڭ بەدىي بېزەكلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرنى رەسسام تومۇر سەيدۇللايېۋ ئىشلىگەن.

مەلۇمكى موللا بىلال نازىم ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ تۇغىنى ئېگىز كوتەرگەن،ئوز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىغى يولىدىكى كۈرەشلىرىنى بەدىي- غايىۋىي بەركامال ئەسەرلىرى ئارقىلىق جوشقۇن كۈيلىگەن يالقۇنلۇق شائىرلارنىڭ بىرى.

بىلال نازىم مانجۇر- خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەردانىلارچە كۈرەشكەن شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەڭلىك ۋە مىللىي مۇستەقىللىق يولىدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ تالماس جارچىسىغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئولمەس ئەسەرلىرى شائىرغا بەرھاياتلىق بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇلۇق سوۋېتلەر دىيارىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر تىللىرىدا نەشر قىلىنىۋاتقانلىغى ئەنە شۇ بەرھاياتلىقنىڭ بۈيۈك تىمسالى.

ت. نامەتوۋ.

تەھرىر ھەيئىتى

ئوقۇماقنىڭ ئەرتە- كەچلىگى يوق

Уйғурчә		Латинчә	Әрәпчә	Уйғурчә		Латинчә	Әрәпчә
Басма	Язма			Басма	Язма		
Аа	*Аа*	Aa	ئا	Өө	*Өө*	Өө	ئۆ
Әә	*Әә*	Әә	ئە	Пп	*Пп*	Pp	پ
Бб	*Бб*	Bb	ب	Рр	*Рр*	Rr	ر
Вв	*Вв*	Vv	ۋ	Сс	*Сс*	Ss	س
Гг	*Гг*	Gg	گ	Тт	*Тт*	Tt	ت
Ғғ	*Ғғ*	*Ǧǧ*	غ	Уу	*Уу*	Uu	ئۇ
Дд	*Дд*	Dd	د	Үү	*Үү*	Ҷҷ	ئۈ
Ее	*Ее*	Ee	ې	Фф	*Фф*	Ff	ف
Ёё	*Ёё*			Хх	*Хх*	Xx	خ
Жж	*Жж*	Zz	ژ	Һһ	*Һһ*	Hh	ھ
Җҗ	*Җҗ*	Çç	ج	Цц	*Цц*		
Зз	*Зз*	Zz	ز	Чч	*Чч*	Cc	چ
Ии	*Ии*	Ii	ى	Шш	*Шш*	Şş	ش
Йй	*Йй*	Ji	ي	Щщ	*Щщ*		
Кк	*Кк*	Kk	ك	Ьь	*ь*		
Ққ	*Ққ*	Qq	ق	Ъъ	*ъ*		
Лл	*Лл*	Ll	ل	Ыы	*ы*		
Мм	*Мм*	Mm	م	Ээ	*Ээ*		
Нн	*Нн*	Nn	ن	Юю	*Юю*		
Ңң	*Ңң*	*Ŋŋ*	ڭ	Яя	*Яя*		
Оо	*Оо*	Oo	ئو				

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھرى،فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82-60-62، 85-39-62. گېزىت- ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس- 72877.